# ئەخلاق ھەققىدە ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# ئەخلاق ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئۆمەرجان نۇرى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ــ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于道德的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.7

ISBN 978-7-80744-364-3

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 108106 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 关于道德的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>艾合买提·买买提 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880mm×1230mm　32 开 |
| 印　　张 | 5 印张 |
| 版　　次 | 2008 年 9 月第 2 版 |
| 印　　次 | 2008 年 9 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-80744-364-3 |
| 定　　价 | 12.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەندارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۇرلۇك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۇرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۇرۇش كىتاب قىلىپ تۇزۇپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.



ھەق يولىدىكى كىشىلەر ھەتتاكى دۈشمىنىنىمۇ مالال قىلماس.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

شەپقەتسىز قاراقچى زەپەر تاپقاندا، كارۋان زارىغا پەرۋا قىلامدۇ؟

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

تىنچ كۈندە دەردمەننىڭ بېشىنى سىلا، مىسكىننى خۇش قىلساڭ بالا قايتقاي، تىلەمچى سورىغان نەرسىنى بەرگىن، ئەگەر بەرمىسەڭ، زومىگەر كۈچ بىلەن ئالىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئۆزۈڭ توغرا بولساڭ، بەتنىيەت پىتنىچى كۈچى يەتمەي سەندىن قۇسۇر تاپالمايدۇ. راۋابنىڭ ئۈنى پەدىگە ماس بولسا، چالغۇچى ئۇنىڭ قۇلىقىنى بىكار تولغىماس ئىدى.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

سەندە زوق - شوق بولمىسا، دۆت مەخلۇقسەن.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

www.uyghurkitap.com

بايلىقنى تىلىسەڭ قانائەتنى تۇت، چۈنكى، قانائەت تۈگىمەس دۆلەت، يەنى ئېتىكىڭنى زەرگە تولدۇرسا، ئۇنىڭ ئېھسانىغا پەقەت كۆز سالما.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

كىشىدىن ئورۇنسىز كايىش كۈتكىچە، ئۆزۈڭگە پەقەتلا ئۆزۈڭ كايىغىن.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

خۇنۇك چىراي، قىلىقى سەت، ناباپ مېھمان كېتەي دېسە، ھەرگىز تۇتما، يولىغا راۋان بولسۇن.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئەگەر ئۇلۇغ كىشى كۈچ - قۇدرەتتىن قالسا، ئابرۇيىم چۈشەر دەپ ئويلاپ قالما.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن



ھۈنەر - سەنئەت ئىشلەتمىسەڭ پايدا يوقتۇر.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئوغلۇم، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلا، قانائەت ئايغىنى سالامەتلىك ئىستىكى بىلەن ياپ، چۈنكى،

چوڭلار ئېيتىدۇ: بەختۇ دۆلەت كۈچىنىپ قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئازراق ھاياجانلانغىنىڭ تۈزۈك.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

كىم ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىسا، ھېچقاچان بەختىيار، ئەزىز بولالمايدۇ.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

خۇددى قۇدۇق شەبنەم بىلەن تولمىغاندەك، تەمەخورنىڭ كۆزى ئىنئام بىلەن تويماس.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

ئىنسان ئالدىدا يېگى پىشقان خورما تۇرسا، ئۇزۇم شىڭگىلىگە تاش ئاتمايدۇ.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

جاھىللارنىڭ ئادىتى شۇنداق بولىدۇ: دۈشمىنىنى دەلىل - ئىسپات بىلەن يېڭەلمىسە، ئاداۋەت زەنجىرىنى جىرىڭلىتىشقا كىرىشىدۇ.

سەئدى: «گۈلستان»دىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىش ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ، ئورۇنسىز يۇمشاقلىقمۇ ھۆرمەتنى كەتكۈزىدۇ. قوپاللىق قىلما، كىشىلەر سەندىن بىزار بولىدۇ؛ ئۇنچىلىك ياۋاشمۇ بولۇپ كەتمە، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

بەتخۇي ئادەم دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، نەگە بارمىسۇن ئۇنىڭ ئازابىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئون ئادەم بىر داستىخاندا تائام يەيدۇ، ئەمما ئىككى ئىت بىر تاپ ئۇستىدە چىقىشالمايدۇ. ئاچ كۆز ئادەم پۈتۈن جاھان بىلەنمۇ تويمايدۇ. قانائەت قىلغۇچى بىر نان بىلەن توق يۈرىدۇ، شۇڭا دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: سەئدى: «مال ـ مۈلۈك بىلەن باي بولغاندىن كۆرە، قانائەت بىلەن باي بولغان ياخشىراق.»

سەئدى: «گۈلىستان»دىن



ھەممە كىشىگە ئۆز ئەقلى كامالەتكە تولغان تۇيۇلىدۇ ۋە ئۆز بالىسى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ھەرقانداق ئىش سەۋرچانلىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئالدى-راڭغۇلۇق كىشىنى پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

نادانغا سۈكۈت قىلىشتىن ياخشى نەرسە يوق، ئەگەر بۇ مەس-لىھەتنى چۈشەنسە، ئۇ نادان بولماس ئىدى.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى تاتىلاپ ئاچما، چۈنكى، ئۇ-لارنى رەسۋا قىلىش بىلەن بىللە ئۆزۈڭنىمۇ ئىشەنچسىز ئادەم قى-لىپ قويىسەن.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ھەركىم تاشقى كۆرۈنۈشتە چىرايلىق بولسا، ئىچكى دۇنياسى گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ. ئىش كۆڭۈلدە، ھەرگىز تېرىدە ئەمەس.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن



كىمكى ئۇلۇغلار بىلەن ئېلىشسا، ئۆز قېنىنى تۆكىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

پەس ئادەملەر ھۈنەر - پەزىلەتتە باشقىلار بىلەن تەڭ كېلەل-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

مىسە، رەزىللىكى بويىچە ئارقىدىن غاجاشقا باشلايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ھەسەتچى ئادەم خۇدانىڭ نېمەتلىرىدىن قىزغىنىدۇ ۋە بىگۇناھ بەندىلەرنى دۈشمەن كۆرىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

توۋا قىلىشقا قول كۆتۈرگەن گۇناھكار ئادەم غادىيىۋالغان سوپىدىن ياخشىراق.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئىككى كىشىنىڭ يۈرىكى ھەسرەتتىن خالىي بولمايدۇ ۋە ئايىغى پۇشايمان پاتقىقىدىن چىقالمايدۇ: بىرى، كېمىسى ۋەيران بولغان سودىگەر، يەنە بىرى، قەلەندەرلەر بىلەن ئولىپەتلەشكەن مىراسخور ئادەم.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

نامەرد ئادەم خوتۇن كىشىدۇر، تەمەگەر سوپى قاراقچىدۇر.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

خۇلقى گۈزەل بىر ھەرىبىي قوماندان، بىرەھىم زالىم ئالىمدىن

ئوبدان.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

تاشقى قىياپەت جەھەتتە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئادەمدۇر، مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ خار ـ تۆۋىنى ئىتتۇر. ئەمما دانىشمەنلەرنىڭ بىردەك پىكرى بويىچە، ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئىت ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن مىڭ ياخشى.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئۆز نەپسىنىلا ياخشى كۆرىدىغان ئادەم قابىلىيەتلىك كىشى بولالمايدۇ، قابىلىيەتسىز ئادەم باشلىق بولۇشقا يارىمايدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

قېرىپ قالغان پادىشاھ خوتۇن ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە توۋا قىلماي نېمە قىلسۇن، ئىشتىن بوشىتىلغان ساقچى ئەمەلدارى خەلققە زۇلۇم قىلغانلىقىغا توۋا قىلماي نېمە قىلىدۇ؟

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

نەپسىنى يىغقان يىگىتنى ھەق يولىدا شىر دېگىن.

سەئدى: «گۈلىستان»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەگەر ياخشى يولنى ئىزدىسەڭ، پاك بول.

سەئدى: «بوستان»دىن

پىتنە دېگەن ئويغانمىسا ياخشىراق.

سەئدى: «بوستان»دىن

سەن ئېھسانىنىڭ دەرىخىنى كۆكەرتسەڭ، سېنى ھېچ قورۇق قويمايدۇ، مېۋە بېرىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۇلۇغ تۇرۇپ ياخشى نامى قالمىسا، ئۆلدى، پۈتتى. ئۇ دۇنيادىن تۈگەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەر كىشىكىم ئەلگە ئېھسان ئەيلىسە، ئۇلاردىن ئەل رەھمىتى كەم بولمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ھەممەت يولى بارچە يولدىن ئەلا يول

سەئدى: «بوستان»دىن

يامانلاردىن ھەرگىزمۇ ياخشى نام قالماس.

سەئىدى: «بوستان»دىن

ھەي ئوغلۇم، كىچىكلەرنى بوزەك قىلما، ئۆزۈڭ چوڭلار زۇلـ-مىغا دۇچ كېلىسەن.

سەئىدى: «بوستان»دىن

ئالدىڭدا مەيۇس يېتىم تۇرغان بولسا، ئۆز ئوغلۇڭنى ئەركىـ-لىتىپ لال قىلما. يېتىم يىغلىسا كىم يېشىنى ئېتىپ تەسەللى بەرگەي، يۈزلىرىنى چاڭ باسسا سۈرتۈپ قويغىن، ئۇنىڭ بېشىنى سىلا. گەر تۇغقىنى، تونۇشلىرى بولمىسا، سەن ئۇنى پەرۋىش قىل، بېقىۋالغىن.

سەئىدى: «بوستان»دىن

ياش بولساڭ قېرىلارنى كۆتكىن، ئۇلارنى قوللا ئەمما، سېنى قوللاشنى تەلەپ قىلما.



سەئىدى: «بوستان»دىن

غەيۋەتتىن ئوغرىلىق كۆپ ياخشىراق، ئوغرى جاسارەتلىك بولىدۇ. كۆلپەتتىن كۆچ بىلەن قۇتۇلىدۇ. قېنى، غەيۋەت قىلساڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىمە تاپالايسەن، پەقەت ئۆزۈڭ خىجالەت بولۇپ قالىسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئاقىلنىڭ ئىشى ئۆزى بىلەن بولماقلىقتۇر.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەركىشى ئۆزگىنى يامان دېسە، سېنى ھېچقاچان ياخشى دەپ ئېيتمايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

غەيۋەت ئۈچ خىل ئادەمگە راۋا ئىمىش. تۆتىنچى بولۇپ قالسا، ئۇ خاتا. ئەلگە زۇلۇم ئەيلىگۈچى پادىشاھ دائىم غەيۋەتتىن خالىي بولالمايدۇ. زۇلۇمدىن غەيۋەت قىلساڭ ھالال بولار. خەلق بىلىپ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلسۇن. ئىككىنچى خىل مۇناسىپى — ـ ھاياسىز. ئۇ پات ـ پات پەردىسىنى يىرتىپ تۇرار. كۆلچەككە چۈشەي دېسە ئۇنى توسما. ئاخىر بېرىپ ئۇ قۇدۇققا يىقىلغاي. ئۈچىنچىسى ـ تارازىدا ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا ياي!

سەئدى: «بوستان»دىن

دۈشمىنىڭنىڭ پىتنىسىنى ئەكەلگەن، ئۆزىنى دۈشمىنىڭگە

دوست قىلىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

چېقىمچى كونا ئۆچىنى يېڭى قىلىپ، ئۆچۈپ قالغان پىتنىنى ياندۇرىدۇ. مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، ئۇ تىنچ ياتقان يىلاننى قوزغايدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

چېقىمچىنىڭ يۇگۈرۈك ئاغزى، زىندان ئارا كىشەندە ياتسا تىنچىيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوت كۆيگەندە، چېقىمچىنى ئوت ياق-قۇچى دەپ بىلگىن.

سەئدى: «بوستان»دىن



ئەلدىن كېچىپ غارغا بېرىپ ياتساڭمۇ، ئەيىب ئىزدى-گۈچىدىن قۇتۇلالمايسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

دەريالارنى كۈچ بىلەن توسۇش مۇمكىن بولسىمۇ،

چېقىمچىنىڭ تىلىنى توسۇيالمايسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

تۈلكە ياكى شىرلىق يولى بىلەنمۇ، پىتنە ـ پاسات يولىنى توسۇيالمايسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۆزگە بىلەن ھەرگىز ئىشىڭ بولمىسا، ئەلدىن يىراق خىلـ. ۋەتتە ياشىساڭمۇ، دىۋە مىجەز ئادەم دەپ گەپ تارقىتار. ئەلدىن قورقۇپ قاچتى دەيدۇ، ئەلۋەتتە.

سەئدى: «بوستان»دىن

باي كىشى ئارتۇقچە ياسىنىشتىن نومۇس قىلىپ، ئاددىي كىيىم كىيىپ يۈرسە، (غەيۋەتچىلەر) تىللىرىنى ئاڭا خەنجەردەك تىقىپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى پىخسىقلىق دەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

سەن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى پەش قىلما. ئۇمۇ ئوخشاش ئەيىـ. بىڭنى پەش قىلىدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئانا سۈتى ھالال بولغان يىگىتلەر، شۈكۈر ئېيتىپ رىزقىنى

ھالال يەيدۇ.

سەئدى: «بوستان»دىن

كىبىر بىلەن كامال تاپقان ئادەم يوق. تەڭتۇشلىرىڭ ساڭا كىبىر كۆرسەتسە، نەزىرىڭدىن قىممىتى چۈشۈپ كېتەر. ئۆزۈڭ-دىمۇ كىبىرلىك بولغان بولسا، سەنمۇ ھەرئاندا شۇنداق كۆرۈنىسەن.

سەئدى: «بوستان»دىن

مەرد بولساڭ ھېچقاچاندا ماختانمىغىن، ماختىنىشتىن ھېچ كىشىگە زەپەر يوق.

سەئدى: «بوستان»دىن

قانائەت قىلساڭ بېشىڭ كۆككە يېتەر، تەمە قىلساڭ ئامىتىڭ بەتتەر كېتەر.

سەئدى: «بوستان»دىن

قەدرىڭنى پارچە نانغا سېتىۋەتمە، ھۆرمىتىڭ تەمە بىلەن يوق بولىدۇ.



سەئدى: «بوستان»دىن

ئەگەر ھەر كىم تەمە قۇلى بولمىسا، تۇرمۇشى ئازاد ئۆتەر، ئەركىن بولار.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىش ئادرېسى

تەمە سېنى جەمئىيەتتىن چىقارغاي.

سەئدى: «بوستان»دىن

ئۇچرىغانلا كىشىگە ماختانمىغىن، ئېھتىيات قىل، مۇقامىدىن چىقىپ كەتمە.

سەئدى: «بوستان»دىن

تەمەنىڭ ئاغزى ھەرقاچانكى ئوچۇق.

سەئدى: «بوستان»دىن

پەلەكتىن نالە قىلماي، پېئىلىڭدىن نالە قىل.

سەئدى: «بوستان»دىن

بىئەدەپلىكتە مەشھۇر كىشىدىن ئارتۇقچە خەير كۈتمە.

سەئدى: «بوستان»دىن



... خەلق دۆلىتىدە تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل مەركەز — گۈزەل ئەخلاق بولۇشى لازىم.

مونتېسكيۇ

يامانلىق كىچىك بولسىمۇ قىلىشقا بولمايدۇ، ياخشىلىق

كىچىك بولسىمۇ قىلىش لازىم. ياخشىلىق قىلىشقا، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، باشقىلارنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ.

ليۇ بېي

مەرتىۋىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، ئەخلاقنىڭ كەملىكىدىن ئەنسىرەش لازىم؛ ئىش ھەقىقەتنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، ئەقىلنىڭ كەملىكىدىن ئۈيىلىش لازىم.

جاڭ خېڭ

يوقسۇل ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىق ئۈچۈن مەغرۇرلانـماسلىق لازىم؛ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش لازىم. بەتخەجلىك قىلىشقا بولمايدۇ؛ بوشاشماي تىرىشىش لازىمكى، ئارام ئېلىۋېلىش كويىدا بولۇشقا بولمايدۇ. «كەمتەرلىك»، «ئىقتىسادـچىللىق»، «ئىشچانلىق» نى ئاساس قىلىپ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىۋالسام، «مەغرۇرلۇق»، «بەتخەجلىك»، «ھورۇنلۇق» نى ئۆـمۇرلۇك ئىبرەت قىلىپ، ساغلام پۇقرا بولسام ئارمىنىم يوق.

چې ياۋشيەن



مەينەتچىلىك ئىچىدە بۇلغانماي تۇرۇش، بۇرژۇئازىيىنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېـرىش ئەڭ قىممەتلىك ئىنقىلابىي پەزىلەتتۇر.

جۇ ئېنلەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەمدە ئالىيجاناب، ئۇلۇغ غايە بولغاندىن تاشقىرى، چوقۇم يۈكسەك پەزىلەتمۇ بولۇشى لازىم. يۈكسەك پەزىلەت بولمىسا، غايە ھەرقانچە ئالىيجاناب، ھەرقانچە ئۇلۇغ بولغىنى بىلەن، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

تاۋ جۇ

ۋىجداننىڭ يوقىلىشىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش يوق.

گومورو

ئەخلاق ئۈستىدە قۇرۇق گەپ ساتماي، ئەخلاق بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

دېموكرىت

ھاياتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاقلا ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ.

شېكىسپىر

ھەممىگە قوماندانلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان نەرسە پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەتتە قانۇننىڭ كۈچى بولسا، مۇستەبىت ھۆكۈمەتتە پادىشاھنىڭ مەڭگۈ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇلىدىغان تۆمۈر مۇشتۇمىدۇر. لېكىن، خەلق دۆلىتىدە بولسا، تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل مەركەز — گۈزەل ئەخلاق بولۇشى لازىم.

مونتېسكيۇ

ئەخلاق بۇزۇلىدىغان بولسا، ھەۋەسمۇ مۇقەررەر يوسۇندا چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ.

دىدېرو

ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقى ئېغىزدىكى گەپتىن ئەمەس، ھەرىكەتتىن مەلۇم بولىدۇ.

كومېنسكىي

بالىلىرىڭلارغا ئەخلاق تەربىيىسى بېرىڭلار. ئادەم بەختى پۇلدىن ئەمەس، ئەخلاقتىن كېلىدۇ. بۇ — مېنىڭ تەجرىبەم. ئېغىر كۈنلەردە ئەخلاق ماڭا يار ـ يۆلەكتە بولدى، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇرغانمۇ سەنئەتتىن ئۆزگە ئەخلاق بولدى.

بېتخوۋېن

قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ۋە ئىنساپى بار ئادەم جىددىي ئېھتىياجى تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ ئوغرىلىق قىلمايدۇ. بىراق، ئون مىڭ دوللارلىق ئالتۇن ئوغرىلىۋالغان ئوغرىنىڭ ئەمدى ئوغرىلىق قىلماسلىقىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

كرېلوف

ئۆچمەس نام ئەخلاق بىلەنلا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

پېترارك

www.uyghurkitap.com

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتۈن قەدىر - قىممىتىنى ۋە پۈتكۈل ھاياتىنى بىر خىل ئەخلاقىي ئىنتىلىشكە بېغىشلىغان بولسا، ئۇنىڭدا ئەنە شۇنداق غەيرەت بولسا، بۇ جەھەتتە باشقا ھەممە ئادەملەر ئۇنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەس بىلىنسە، شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈكسەك دەرىجىدىكى ياخشىلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چېرنىشېۋسكىي

تەربىيىلىنىش ئۈچۈن تىنىچ بولۇش، ئەخلاق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاددىي - ساددا بولۇش لازىم.

جۇگې لياڭ

نامرات، پاك ۋە ئاددىي - ساددا تۇرمۇش بىز ئىنقىلابچىلارنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان جايىمىزدۇر.

فاڭ جىمىن

ئاددىي - ساددا تۇرمۇش ئادەمنى روھىي خۇشاللىققا ئىگە قىلىش بىلەنلا قالماي، ئىنقىلابىي پەزىلەت يېتىشتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

شۈي تېلى

كەيپ - ساپا مۇقەررەر ھالدا چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھەۋەسنى

چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

روسسو

مۇھەممى شۇكى، دەسلەپتىلا ناچار يەردىمۇ ئۇخلاۋېرىشكە ئا-
دەتلىنىش لازىم. بۇ — كېيىن ئەسكى كارىۋاتقا يولۇقۇپ قالغاندا
غەم قىلمايدىغان بولۇشنىڭ ياخشى چارىسى. ئومۇمەن ئېيتقاندا،
جاپالىق تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەندە، ئۇ ئادەمنىڭ خۇشاللىقىنى زور
دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، راھەت تۇرمۇش كەلگۈسىدە چەكسىز باش ئاغ-
رىقى تېپىپ بېرىدۇ.

روسسو

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەككى، يالغۇز قالغان
ۋاقتىڭدىمۇ يامان گەپلەرنى ۋە يامان ئىشلارنى قىلمىغىن، ئۆزۈڭ-
نىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ خىجىل
بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ لازىم.

دېموكرىت



ياخشىنى كۆرسەڭ ئۆگەن، ياماننى كۆرسەڭ ئىبرەت قىل.

كۇڭزى

ئۆزۈمنى كۈندە ئۈچ قېتىم تەكشۈرىمەن.

كۇڭزى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاشكارىلىنىپ قالمايدىغان ئەيىب، چىنىپ قالمايدىغان سىر بولمايدۇ، شۇڭا ئىسىلزادىلەر يالغۇز قالغاندا تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ.

رىسسى

مەن دەرۋەقە دائىم باشقىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تۇرىمەن، ھالبۇكى، ئۆزۈمنى تېخىمۇ كۆپ رەھىمسىز ئوپېراتسىيە قىلىپ تۇرىمەن.

لۇشۈن

جاھاندا كامالەتكە يەتكەن ئادەم بولمايدۇ، ئەمما ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە.

زۇ تاۋفېن

بىز ئۆزىمىزنىڭ «ئاجىز» لىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقمايمىز، ئاجىزلىقىمىزنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالساق، ئۆز ئورنىمىزدا تۇرۇپ ئۇنى ئىمكانقەدەر كۈچەيتىپ بارالايمىز.

ۋېن يىدو

ئۆز قەلبىگە قارشى كۈرەش قىلىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ، لېكىن بۇ جەھەتتىكى غەلىبە شۇ كىشىنىڭ پىششىقان ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دېموكرىت

نومۇسسىزلىققا توۋا قىلىش ھاياتنى قۇتقۇزغانلىقتۇر.

دېموكرىت

ھەر كۈنى نېمە قىلغانلىقىمىزنى — قىلغانلىرىمىزنىڭ پىلوس ياكى مىنۇس ئىكەنلىكىنى ۋاقىت چىقىرىپ ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم. پىلوس بولسا ناھايىتى ياخشى بولغىنى، مىنۇس بولسا تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

دىمىتروف

مەن كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا «ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە» دېگەن ئېسىل مىزانغا قاتتىق رىئايە قىلىپ كېلىۋاتىمەن، مەن ئەزەلدىن مۇشۇ مىزان ئارقىلىق ئۆزۈمگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ كەلدىم.

ئىنگېرىس

ئۆز - ئۆزىنى قىلغان تەنقىد ھەممىدىن قاتتىق تەنقىدتۇر، شۇنداقلا ھەممىدىن پايدىلىق تەنقىدتۇر.

گوركىي



تەنقىد نورمال قان ئايلىنىشقا ئوخشايدۇ، ئۇ بولمىسا قان بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان ھادىسىلەردىن ۋە كېسەللىك ھادىسىلىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ئوستروۋسكىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەقىقەت تەنقىدكە ئامراق، چۈنكى ھەقىقەت تەنقىد ئارقىلىق غەلىبە قىلىدۇ؛ سەپسەتە تەنقىدتىن قورقىدۇ، چۈنكى سەپسەتە تەنقىد جەريانىدا مات بولىدۇ.

دىدېرو

باشقىلارنىڭ پىكرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلا، سېنى ئەيىبلىگەن ئادەمنىڭ يوللۇق ياكى يولسىز ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆر. مۇبادا ئۇ يوللۇق بولسا، خاتالىقىڭنى تۈزەت، يولسىز بولسا، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرۈۋەر. ئەگەر ئۇ كىشى سەن ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم بولسا، مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ناتوغرا يېرىنى كۆرسىتىپ بەرسەڭ بولىدۇ.

دا ۋىنچى

كىشىلەرگە بېرىلگەن تاتلىق تائام زىيادە بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىپ قالدى، ئەمدى ئۇلارغا ئاچچىق دورا ۋە قۇلاققا ياقمايدىغان سەممىمىي نەسىھەت كېرەك.

لېرمونتوف

قۇياشتىمۇ داغ بولغان يەردە «بۇ دۇنيادىكى ئىشلار» دا تېخىمۇ نۇقسان بولماي قالمايدۇ.

چېرنىشېۋسكىي

ئاڭلىقلىق —ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئانىسى، ئۆزىنى پەس كۆرۈش —چۈشكۈنلىشىشنىڭ مەنبەسى. شۇڭا ئاڭلىقلىق بولمىسا بولمايدۇ، ئۆزىنى پەس كۆرۈشتىن چوقۇم ساقلىنىش لازىم.

زو تاۋفېن

ئۆزىمىزدە ئارتۇقچىلىقنىڭ بارلىقىنى سەزگەن ھامان، ئۇنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ساقلاپ قېلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم؛ ئۆزىمىزدە كەمچىلىكنىڭ بارلىقىنى سەزگەن ھامان، ئۇنىڭدىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ساقلىنىشىمىز ۋە تېخىمۇ تىرىشىشىمىز لازىم. ئاڭلىقلىقنى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئانىسى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. ئۆزىمىزدە ئانچە - مۇنچە كەمچىلىكنىڭ بارلىقىنى بىلىپلا ئۆزىمىزنى پەس كۆرسەك، مەڭگۈ پەس ئورۇندا تۇرۇشنى راۋا كۆرگەن بولۇپ قالىمىز، نەتىجىدە ئالغا ئىلگىرىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، چۈشكۈنلىشىپ كېتىمىز.

زۇ تاۋفېن



شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەككى، يالغۇز قالغان ۋاقىتىڭدىمۇ يامان گەپلەرنى ۋە يامان ئىشلارنى قىلمىغىن، ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ خىجىل بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ لازىم.

دېموكرىت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

مەيلى ئادەم بار چاغدا بولسۇن ياكى يالغۇز قالغان ۋاقىتتا بولسۇن، ئازراقمۇ يامان ئىش قىلما. ئۆز ئىززىتىنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم.

پىفاگور

ھەرقانداق بىر تۇزىتىشنىڭ ئۆزى ئالغا ئىلگىرىلەشتۇر.

دارۋىن

ھەرقانچە چوڭ توسمىمۇ چۇمۇلە ئۇۋىسىنىڭ كاساپىتىدىن يار ئېلىپ كېتىدۇ؛ ھەرقانچە كاتتا ئىمارەتمۇ ئوت ئۇچقۇنىدىن كۆيۈپ كۈل بولىدۇ.

خەن فېيزى

ھەرقانداق ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئادەم تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپلا ئۈزلۈكسىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ (بالىلارنىڭ ئوت ئويناپ قولىنى كۆيدۈرۈۋېلىشى، پاسكىنا نەرسىلەرنى يەۋېلىشى، سۇ ئوينىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزۈش جەريانىدۇر). ئۈزلۈكسىز خاتالىشىش، ئۈزلۈكسىز ھالدا مىخقا ئۇسۇۋېلىش جەريانىدىلا ئادەمگە تەدرىجىي ئەقىل كىرىدۇ.

لىۇ شاۋچى

خاتالىقنى يوشۇرمىغاندا، ھەم يولداشلارنىڭ نازارىتىگە ۋە

ياردىمىگە ئېرىشكىلى، ھەم يولداشلارغا ئىبرەت قىلغىلى بولىدۇ.

جۇ ئېنلەي

خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، لېكىن خاتالىقنى تەكرار-لىماسلىق كېرەك.

جۇ ئېنلەي

توغرا نەتىجە نۇرغۇن خاتالىقلاردىن چىقىدۇ؛ نۇرغۇن خاتا-لىقلار پەلەمپەي بولۇپ بەرمىسە، تەختكە چىققىلى — ئاخىرقى توغرا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

چيەن شۆسېن

ئەقلى بار ئادەم كېسەل بولغاندىن كېيىن ئاندىن داۋالىنمايدۇ، بەلكى كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى ئالدىن مۇداپىئە كۆرىدۇ؛ كى-شىلەردىن تەسەللى تەمە قىلمايدۇ، بەلكى ئاغرىق ئازابىنى يېڭىشكە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ.

توماس مور



خاتالىق بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتى چۈش كۆرۈش بىلەن ئويغىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئادەم خاتالىقتىن ئويغانسا، يېڭى كۈچ - قۇدرەت بىلەن ھەقىقەتكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

گيوتى

ھەرقانداق ئادەم خاتالىشىدۇ، لېكىن ھاماقەت ئادەملەر ھوشىـ
نى تاپماي كېتىۋېرىدۇ.

سىسېرو

قارشى پىكىر مۇنۇ ئىككى تەرەپتىن ماڭا پايدىلىق: بىرى، ماڭا خاتالىقىمنى تونۇتۇپ قويىدۇ، يەنە بىرى، كۆپچىلىك بىر ئا-
دەمگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالايدۇ.

دېسكارت

مەن دائىم ئاخشىمى ئۆزۈمنىڭ سەھەردە يامان ئەمەس دەپ بىلىپ ناھايىتى ئۇستۇن كۆرگەن قارىشىمنىڭ ئەمەلىيەتتە خاتا ئىكەنلىكىنى بايقايمەن.

ھېلۋېتىئۇس

ئادەمنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىش يولىدا ئەگرى يول مېڭىشى، خاتالىق ئۆتكۈزۈشى يامان ئىش ئەمەس، ئۇياتلىق ئىشمۇ ئەمەس. ئەمەلىيەت داۋامىدا خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشقا ۋە تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىش لازىم.

ئېينىشتېين

خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، ۋاقتىدا سېزىپ ئالسا ۋە تۈزەتسىلا بولىدۇ. بەك ئېھتىياتچان ئالىم يا خاتا-

لاشمايدۇ، يا كەشپىيات يارىتالمايدۇ.

بېيفرىچ

مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئالىيجاناب ئادەم ھەقىقەت تارقاتقاندىن باشقا، خاتالىقتىن ئاشكارا ۋاز كېچىدۇ.

لىسست

بىز ئۆزىمىزنى خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق دې-گەندىن كۆرە، سەپسەتىدە چىڭ تۇرۇۋالماسلىققا ھوقۇقلۇق دېگە-نىمىز تۈزۈك.

گاسېندى

ئەدەپ - قائىدىنىڭ مەقسىتى ۋە رولى قاتتىق مىجەزنى يۇم-شىتىش، كىشىلەرنى باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

جون لوك

كىشىگە چىرايلىق سۆز قىلىش ياقۇت بەرگەندىن ئەلا، يامان سۆز قىلىش خەنجەر تىققاندىن دەھشەتلىك.



سۇنزى

تۇيۇقسىز غەزەپتىن چۆچۈپ كەتمىگەن، بوھتانغا قايىناپ كەتمىگەن ئادەملا دۇنيادا ئەڭ باتۇر ئادەمدۇر.

سۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياشلار خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىقى، ھەممە كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە بېرىشى، ساختىلىقتىن ۋە ئالدامچىلىقتىن ساقلىنىشى، سەممىي، يېقىملىق بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا دۇرۇس ئادەم بولالايدۇ.

كومېنسكىي

ئەدەپ ـ ئەخلاق — باللار ۋە ياشلار ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئادەتلىنىشكە تېگىشلىك بىرىنچى چوڭ ئىش.

جون لوك

غەزەپ ھاماقەتلىكتىن باشلىنىپ، پۇشايمان بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

پىفاگور

ئاچچىقلىنىش ئاسانلا قەھرى ـ غەزەپلىك دەرد ـ ئەلەم پەيدا قىلىدۇ، ئۇ بىر خىل يامان ئادەت بولۇپ، ئادەم كۆڭلىنى ناتوغرا ئىشقا باشلايدۇ، ئۇ ۋاقىتلىق قىزىققانلىق، ئەقىلسىزلىق جۇملىسىگە كىرىدۇ.



پېتر ئابېلارد

سەپرا مىجەز ئىنسانلاردىكى سەل ناچار مىجەزدۇر، ئادەم چېچىلسا، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ پەلەمپىيىدىن بىر قەدەم

چېكىنگەن بولىدۇ.

دارۋىن

بىرقانچە نەرسە كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر. ئىنسان ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالسا، ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ. بۇلاردىن بىرى يالغان سۆزلەش. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى سۆزىدە تۇرماسلىق. ئۈچىنچى بىرى ئىچىملىككە بېرىلىش. بۇنداق ئادەم شۈبھىسىزكى، تامامەن بىھۇدە ياشايدۇ. ئادەم ئۈچۈن يەنە بىرى جاھىل قىلىقتۇر، جاھىل مىجەزلىك (ئادەمگە) خۇشاللىق بولمايدۇ. يارىماس (ئادەتنىڭ) يەنە بىرى پەسكەش قىلىقتۇر، بۇنداق ئادەم كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە سورۇقچىلىق سالىدۇ. يەنە بىرى تىلى يامان، قەھر - غەزەپلىك بولۇش، (بۇنداقلار) ئېغىز ئېچىپ سۆكسە كىشىنى ئازابلايدۇ. بۇ بىرقانچە نەرسە بىر (ئادەمدە) يىغىلسا، ئۇنداقلاردىن مۇقەددەس بەخت تېزىپ يىراقلىشىدۇ. پەلەك ئاڭا ياقمايدۇ، بېشى گاڭگىراپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇي - پەيلىمۇ ئاينىيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



يات يەردىن كەلگەنلەرگە يار - يۆلەك بول، يېمەك - ئىچمەك بەر، مۇساپىرلارنى قەدىرلە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياتلارنى قەدىرلىسە، ئەر يۈزى يورۇق بولىدۇ. مۇساپىرلارغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى

ياخشى قارىسا، شۆھرىتى تارقىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى باشقا بىرسىنىڭ سۆزىنى سۆزلەپلا قويىدۇ (خالاس)، ئۆز ئىشىڭغا باشقىلاردىن كۆرە ئۆزۈڭ جان كۆيدۈرىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈڭگە سادىق (كىشى) ئىزدىسەڭ، ئۆزۈڭدىن سادىقراق كىشى يوق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پەزىلەت ئىگىسى ھەممىگە پايدا يەتكۈزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى پەزىلىتى بىلەن ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تەقۋادار كىشى — كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەزىزلەرگە ئىززەت كۆرسەتكۈچىلەر ھەقىقىي ئەزىز بولىدۇ، (شۇڭا) ئىززەت ۋە ئەزىزلىك قەدىرلىكتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىم ئاقىلنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا ئىشى يۇرۇشىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

زىنادىن بەخت قاچىدۇ، يۈزۈڭنى چۈشۈرىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

غاپىل ئىنسان كۆپ نەرسە توپلايدۇ. يېيىش نېسىپ بولامدۇ - يوق، (بۇنى) ھېچ ئويلىمايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىگە ئىست دېمەيمەن، كىشىلىككە ئىست دەيمەن؛ مەردكە ئىست دېمەيمەن، توغرىلىققا ئىست دەيمەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلىكنى تاشلىما، ئەي ئېسىل كىشى، كىشىگە دائىم كىشىلىك قىلىپ تۇر. ئادەمگە كىشىلىك قىلىش بىلەن ئادەم بولغىن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ



كىشىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن (ئادەمگە) كىشى دېگەن نام بېرىلگەن. كىشىلەر كىشىلىك بىلەن نامىنى يۈكسەلدۈرگەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئېھتىياتچانلىق كىشىلەر — (كىشىلەرنىڭ) ياراملىقلىقىغا (ئىشقا) ياراپ، پايدا يەتكۈزۈپ يۈرگۈچىلەردۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھايا ـ ئۇيات بارلىق يارىماسلىقلارنى تىيگۈچىدۇر، ئۇياتسىزلىق كىشى ئۇچۇن تەڭداشسىز بىر كېسەل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مۇلايىم، توغرا مىجەزلىك (كىشىنىڭ) ھەر ئىككى دۇنيادا كۆڭلى سائادەتلىك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمنىڭ مىجەزى ئەسكى، جاھىل بولسا، ھەرقاچان ئۇنىڭ ئىشى تەتۈر بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



پەزىلەتنىڭ نامى — بىلىم ۋە پاراسەتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلىك قىلغانغا كىشىلىك بىلەن جاۋاب بەر، كىشىلىككە لايىق ئادىل جاۋاب ياندۇر. ۋاپاغا ۋاپا قىلىش كىشىلىكنىڭ

بۇرچى، ۋاپا قىلىپ ئادەم بول، نامىڭنى ئۇلغايت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۆلەت كېلىپ كىم بىلەن ياراشسا، كىچىك پېئىللىق بىلەن كۆڭلىنى كەمتەر تۇتسۇن، دۆلەت كېلىپ كىشىگە كۈلۈپ باقسا، (ئۇنى) كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇستەھكەملەش لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەخت ئەسلى تېگى ـ تەكتىدىن كۆچمەننىڭ ئېتىدەك نەرسە، ئۇنى (تۇتۇپ تۇرغۇچى) يىلتىز كەمتەرلىكتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەر ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش قەدىرلىك نەرسە. ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم كۈمۈشتىن ئەزىز. كۈمۈشكە بېرىلمىگەن تۇغرا ئىنسان بەختلىك ھالدا چىن، ھەقىقىي دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئادەم بالىسىنى بىچارە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، كۈن بويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە نېسىپ بولمايدۇ. بەزىسى ئىنىماي يۈگۈرەپ دۇنيا كېزىدۇ، بەزىسى جېنىنى ئىكىپ دېڭىزغا كىرىدۇ. بەزىسى تاغ قېزىپ، قىيالار تۈۋىگە بارىدۇ، بەزىلىرى يەر غۇلاچلاپ يالاڭ ئاياغ يۈگۈرەيدۇ. بەزىسى داۋان ئېشىپ، دەريالار كېچىدۇ. يەنە بەزىلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەر قېزىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدۇ. بەزىسى جەڭلەردە قىلىچ، پالتا يەپ (ھالاك بولىدۇ)، بەزىسى قەلئە - تۇرا (لار) دا ئىشلەپ قېرىيدۇ. بەزىسى ئوغرى، ئالدامچى ، قاراقچى، ھىيلىگەر؛ بەزىسى باسمىچى، قاتىل، قىرغىنچى بولىدۇ. بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى كىيىم - كېچەكلى ئۈچۈندۇر، مال - دۇنيا توپلايدۇ - يۇ، يېمەيدۇ، ئۆلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ. بۇلار ھەممىسى بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىشى ۋۇجۇدىنىڭ يەتتە ئەزاسىغا قارىسا، ھەرقايسىسى تېگىشلىك ئىشنى بېجىرگەنلىكىدىن لەززەتلىنىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قۇتلۇق كىشى مال - دۇنيادىن بەھرىمەن بولسا، (باشقىلارغا) بەرسە، بەختىيار ياشىسا، يەنە بىر دۇنيادا ئۇ تۆرگە ئېرىشىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قاپىقى يامان، سۆزى قوپال، تەكەببۇر مىجەزلىك ئادەم كىشىنى تەزدۇرىدۇ، يۇرۇش - تۇرۇشىنى تۇزىتەلمەيدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

تەكەببۇرلۇق بىلەن كۆككە ئۆرلىگىلى بولمايدۇ، ئەگەر

كەمتەر بولسا، ئىش بۇزۇلمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تەكەببۇرلۇق پايدىسىز، كۆڭۈلنى سوۋۇتىدۇ، كەمتەرلىك كىشىنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ كەمتەر (ۋە) قورسىقى كەڭ بولۇپ، خاتا قىلغانلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرسە، ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن تېزلا مەمنۇن بولۇپ ساداقەت كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پەزىلەت، قائىدە ـ يوسۇن قانداق كىشىدە بولسا، ئۇنى بەگ دەپ ئاتاپ، ئەلدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇنداقلار مۇكەممەل بەگ بولۇپ خەلقنى باشلايدۇ. كىشى ئۇنىڭدىن ھەممە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



كەمتەر كىشى ئۇزاق مۇددەت ئېتىبارلىق بولىدۇ. تەكەببۇر كىشى بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com

كەمتەر كىشى خەلق ئىچىدە سۆيۈملۈك بولىدۇ، كۆڭلى قاتتىق كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزىنى چوڭ تۇتقان كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ، بىخۇد كىشى نابۇت بولىدۇ ياكى ۋاقىتسىز ئۆلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆڭۈلنى كەمتەر تۇتسا، كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ. كۈلگەن چىراي، شېرىن سۆز ھەممە كىشىنى (ئەتراپىغا) توپلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى بېشىنى يەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى پەزىلەتنى بىلەن قولىنى ئۇزارتسا، ئېگىز تاغنىڭ بېشىنى ئېگىپ، يەرگە ئېگىشتۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى بەختنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نېمىنى ئۆتنە ئالسا، (ئۇنى) ۋاقتىدا قايتۇرسا، ئۇنىڭمۇ سو-رىغان نەرسىسىنى دەرھال بېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىم ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ئۆزىگە ئۆچ قىلىمەن دېسە، ۋەدە قىلغان نەرسىسىنى بەرمىسىلا كۇپايە. ۋەدە قىلىپ بەرمەيدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلمىغۇلۇق، ۋەدە قىلغان بولساڭ، ئۇنى تۇتۇپ قالمىغۇلۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانچىلىك ئىشەنچلىك، چىن ۋە توغرا ئادەم بولمىسۇن، ئۇ-نىڭدىنمۇ چىن، ئىشەنچلىكى ئۆزۈڭ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەممە ئەزىزلەردىن ئەزىزراقى سېنىڭ جېنىڭدۇر.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى بىرەر كىشى ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا، ئۇنىڭ ئورنىغا كىشىلىك بىلەن جاۋاب ياندۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمەيدىغان كىشىنى كىشى دەپ ھېسابلىما، (ئۇ) ھايۋانغا باراۋەردۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۆز پايدىسىدىن كېچىپ، مۇشەققەت چېكىپ، باشقىلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدا يەتكۈزىدۇ، بۇنداق ياخشى كىشى خەلقنىڭ ئىمتىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆز پايدىسىنى تىلىگۈچى بىلەن ئەقىل كېڭەشمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دىلىڭ ۋە تىلىڭ توغرا، ھەرىكىتىڭ ئىشەنچلىك بولسا، قەيەرنى خالىساڭ، شۇ يەردە بەختلىك ياشايسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەسەتخورلۇق بىر كېسەلدۇركى، ئۇنى داۋالاشقا ئۇزاق (ۋاقىت كېتىدۇ)، ئۇ (ئادەمنى) يەيدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى قۇرۇتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنى كۆرەلمىگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى كېسەل قىلىشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش — ئادەمىيلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرنىڭ ئەسلىنى بىلمەكنى خالىساڭ، (ئۇنىڭ) ھەرىكىتىگە قارىغىن، شۇ ھامان مەلۇم بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغلار كىچىككە شەپقەتلىك ۋە خۇش مۇئامىلە بولۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئۇلۇغ (مەرتىۋىلىك) بولغاندا، كۆڭلۈڭنى كىچىك تۇت، ئەي ئوغۇل، ئۇلۇغقا كىچىكلىك يارىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

شېرىك (ئىشلار) غا ئارىلاشما، مېلىڭنى قوشما، پۇشايماندىن

قىزىل مەگزىلىك سارغىيىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆي ئالماقچى بولساڭ قوشنىسىنى سورا، يەر ئالماقچى بولساڭ سۇيىنى سورا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى ئۇلۇغ، كىم ئالدى بىلەن سالام بەرسە، (پەزىلەت) يولىنى شۇ ئاچقان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سالام كىشى ئۈچۈن سالامەتلىك يولىدۇر. سالام قىلسا، سالامەتلىكنىڭ ئۇلى قۇرۇلغان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سالام كىشى ئۈچۈن تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكتۇر. سالام قىلسا، كېيىن جان ئەمىن تاپىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سالام قىلغۇچى كىشىگە ئامانلىق تىلەيدۇ، سالامنى ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تارىيىسى

سالام كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت ساقلايدۇ، سالامغا جاۋاب بەرگۈچى سالامەتلىك كاپالىتىگە ئىگە بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغلار كىچىكلەرگە سالام قىلىشى كېرەككى، ئاندىن بارچە ئىشلار (ئۆز) يولىدا بولىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلسا، سالامەت ياشايدۇ ۋە (بالادىن) قۇتۇلىدۇ. كىچىكلەر ئۇلۇغلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەمىن تاپسا، ئۇلاردىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ سالامەت ياشايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سەن كىشىنىڭ سىرتىنىلا كۆرمە، كىشىنىڭ ئىچىگە— ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىغا قارا. قوغۇننىڭ سىرتقى پوستى قانچىلىك كۆركەم بولسىمۇ، پۇرىقى، شەكلى، رەڭگى (چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ)، ئىچىنىڭ تەمى بولمىسا، ئۇ قوغۇن (بولمايدۇ). ئىچىنى بېزە، سىرتىڭنى بوياپ پارقىراتما. ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئىچىدىن بولىدۇ. ئىچى (ياخشى) بولمىسا، سىرتى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

خۇشاللىق بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت ھەممىسى غەپلەتتۇر،

ئەپسۇسكى، بۇ غەپلەت بىلەن كىشى ئۆزىنى يوقىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پايدىلىق كىشى كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر. قارا، كىشىلەر ئارى-سىدا (ھەقىقىي) كىشى شۇكى، ئۇنىڭدىن خەلق پايدا كۆرىدۇ، پاي-دىسىز كىشىلەردىن كىشىلەر بىزار بولىدۇ. پايدىلىق كىشىلەر-نىڭ پايدىسى ئەلنى تولدۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى كۆڭلىگە ياخشى نىيەت پۈكسە، دۇنيادا (ھەممە) ئىش تىلىگىنىدەك بولىدۇ. ياخشى نىيەت قىلغان (كىشىگە) ياخشىلىق كېلىدۇ، (ئىشنى ئەمەلگە) ئاشۇرالمىسىمۇ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى مەۋجۇت بولسا، ئادەمگە ئادەم-گەرچىلىك (قىلىش) ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



چىن كىشىنىڭ بەلگىسى ئادەمگەرچىلىك قىلىشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىققا جاۋاب بېرەلەيدىغان كىشى ياخشى كىشىدۇر،

خەلق ئىچىدە سەرخىل، ئادەملەر ئىچىدە تونۇلغىنىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ھەرىكىتى گۇۋاھ. ھەرىكىتى قانداق بولسا، ئەسلىمۇ شۇنداق بولىدۇ. كىمنىڭ ئەسلى ياخشى بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ، يامانىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ئۆزى — ھەرىكىتى گۇۋاھدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرنىڭ سەرخىلى كىشىلەر ئۈچۈن پىدائىي بولىدۇ. سۆيۈملۈك جېنىنى قۇربان قىلىش (بەدىلىگە) كىشىلەرگە شادلىق تىلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇلۇغلۇق، دۆلەت، بەخت - سائادەت كىشىنى تەكەببۇرلۇققا تارتىدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدۇرمايدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى بېقىپ، ئۆزىنى سەمرىتىدۇ، ئاندىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ، ئۆزىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سادىقلىق —كىشىلىكنىڭ باشلىنىشى (دېمەكتۇر).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سادىق كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى (ئېسىڭدە) تۇت، بۇ گەپ - سۆزلەر سەن ئۈچۈن دۆلەت - سائادەت تورى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سادىق كىشى كىشىلەرنىڭ راستچىلىدۇر، سادىق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇ سېنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سادىق كىشى ئۈچۈن جان بەرسەڭ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئۆز سۆزىنى سادىق (كىشىلەر) گە ئېيتىدۇ، كۆيۈمچانلار كىشىگە ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆيۈمچانلىق، ساداقەت — كىشىلىكنىڭ بېشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سادىق كىشىلەر ئىنسان ئۈچۈن ئەزىزدۇر. سادىق كىشىگە ئېرىشسەڭ، باغرىڭغا باس.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

ياخشى خۇي ـ پېئىل ئەر ئۈچۈن (تۈگىمەس) نېئمەتتۇر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

كىمدە هايا بولسا، هەرىكىتى پېقىملىق بولىدۇ، هەرخىل نامۇۋاپىق ئىشلارغا قول تەگكۈزمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسقۇچى هايادۇر. بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىمۇ هايادۇر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

هايا كىشىنى نۇرغۇن ياخشىلىققا (پېتەكلىگۈچى) چۈلۋۈردۇر.



يۈسۈپ خاس هاجىپ

سادىق ـ سەمىمىي كىشىلەر ئەستايىدىل خىزمەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەمىمىي ـ تەقۋادار كىشى — كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بولۇپ، بارچە دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە داۋا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سەمىمىي ـ تەقۋادار كىشى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدۇ، يارامسىزلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاياسىز كىشى كىشىلەرنىڭ يامىنىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرنىڭ ئېسىلى ھايالىق كىشىدۇر، ھايالىق كىشى كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىم ھايالىق بولسا، ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئىشنى تاپشۇر، ئىنسان ھايا بىلەن يامانلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاياسىز كىشى كىشىلەرنىڭ پەسكىشىدۇر، ھاياسىزنىڭ ئاغزىدىن توغرا سۆز چىقمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاياسىزلىق تەقىب قىلىنغان كۆز دېمەكتۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ھاياسىزنىڭ يۈزىگە قارىساڭ، ئەتىسى، سۆڭەكتۇر، ھاياسىز-نىڭ ئۆزى پۈتمەس كەمتۈكتۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ھايا بىلەن ئىنسان ئابرۇيلۇق بولىدۇ، ھايا بولغاندىلا (كى-شىنىڭ) يۈزى يورۇق بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

مۇلايىم كىشى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئىستەيدۇ، تىلى قوپال، قەھرلىك يامان كىشى ئادەملەرنى يىراقلاشتۇرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ



ھايالىق كىشى يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ، يارىماسلارغا يې-قىنلاشمايدۇ، كىشىگە قوپاللىق قىلمايدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سىلىق ـ خۇش پېئىل كىشىگە دۆلەت يارىشىدۇ، سىلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولسا، بەختكە لايىق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھايا بولمىسا، ئادەم قوپال، پەس بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھايا يارىماس ئىشلارنى چەكلىگۈچىدۇر، قىلىقى بۇزۇق كىشىنى تۈزەيدىغانمۇ ھايادۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزىنى قوغدىغانلىق — مېھرىبانلىق ئەمەس، كىشىلەرنى ئىزدىگەنلىك (ھەقىقىي) مېھرىبانلىقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەدەپسىزلەرگە قېتىلما، يۈز ـ ئابرۇيۇڭنى پۈتۈنلەي تۆكىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بارچە جاڭجال ئەدەپسىزلەردىن كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان، ئەقىلسىز كىشى ئەدەپ ـ قائىدىلىك كىشىنى كۆرسە، ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قائىدىسىز كىشىلەر كىشىلەرنىڭ تۈۋىنىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىسى بار، قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تەرتىپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان قىلىقسىز كىشىلەر كىشىلەرگە ئارىلاشسا، ئىشى يۈرۈشمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۆڭلۈڭ كىمگە ئىشەنسە، شۇنى ئەينەك قىل، ئۆزۈمنى كۆرەي دەپ ئۇنى ئالدىڭغا قوي. سەمىمىي كىشى ئادەمگە ئەينەك بولىدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ ئادەم خۇلق ـ مىجەزىنى تۈزىتەلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانائەت بىر بۇلاقتۇركى، سۈيىنى ئېلىش بىلەن قۇرۇمايدۇ؛ بەلكى بىر خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭدىكى مالنى ئىشلەتكەن بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆكسۈپ قالمايدۇ؛ ئۇ بىر ئېكىنزارلىقكى، چاچقان ئۇرۇق ئېبز- زەت - ئابرۇي كەلتۈرىدۇ؛ ئۇ بىر دەرەخكى، كىشىگە ھۆرمەت مېۋى- سىنى بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

قانائەت كۆڭۈلگە ئوچۇقلۇق، كۆزگە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

قانائەتلىك دەرۋىشنىڭ قۇرۇق نېنى تەمەخور پادىشاھنىڭ لەززەتلىك تاماقلىرىدىن ياخشىراق. پادىشاھ شۆكى، ئالمىغاي بەر- گەي؛ گاداي شۆكى، چاچمىغاي تەرگەي. كىمكى قانائەتچان بولسا، شاھ - گاداي دېگەندىن ئازاد بولغاي.

ئەلىشىر نەۋائىي

قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ نەپسىنىڭ يا- مانلىقىدىن قۇتۇلىسەن؛ ئۇ بىر تاغدۇركى، ئۇنىڭغا چىقساڭ دوست - دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن.

ئەلىشىر نەۋائىي

قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك سېزىلسىمۇ، نەتىجىسى ئۈستۈنلۈك بولىدۇ؛ ئاجىزلىقتەك سېزىلسىمۇ، نەتىجىسى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

قانائەت بىر ئۇرۇقكى، نەتىجىسى بايلىق؛ دەرەخكى، مېۋىسى بىھاجەتلىك؛ ئۇ بىر مەيدۇركى، ئاچچىق، ئەمما نەتىجىسى تاماشاغا ئوخشاش؛ ئۇ بىر يولدۇركى، قاتتىق، ئەمما مەنزىلى شادلىق.

ئەلشىر نەۋائى

قانائەتلىك كىشى خەلق ئارىسىدا ئىززەت ۋە ئابرۇيغا ئىگىدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

بىلگىنكى، ھەۋەس ئۆز خۇشتارىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

قانائەتچان كىشى تىلەنمەس پەرزانە، قانائەت تۈگەنمەس خەزىنە.

ئەلشىر نەۋائى

قانائەت —شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يارىشىقىدۇر. بىر ئىپلاس ئەگەر قانائەتچان بولىدىكەن، ئۇ بايدۇر، شاھقا ۋە گادايغا بىھاجەتتۇر.

ئەلشىر نەۋائى



ھەممىگە قانائەت قىلىدىغان ئادەم جاھانىنىڭ پادىشاھى بولالايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ھەممە ئادەمدە نەپس ۋە روھ بولىدۇ. نەپسنىڭ گۇناھىنى روھ

تۈزىتىدۇ. نەپسىنى يېڭىپ، روھنى غالىب قىلالىغان ئادەم مەرد ئادەمدۇر. ھەر كىشىدە بۇ خىل سۈپەت بولىدىكەن. ئۇ كىشى پاك ۋە ئۇلۇغ كىشى بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

نەپسىنىڭ شۇملۇقى ئادەمگە بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توغرا يول كۆرسەتكۈچىگە تەسلىم بولۇش كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائى

نەپسىنىڭ زىيانكەشلىكى ئادەمنى خار ئورۇنغا چۈشۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

شەھۋەتپەرەس كىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا نەپسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەقىللىق ۋە بەختلىك يىگىت ھەرگىزمۇ شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتمەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

توقلۇقتا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتمە، ئۆزۈڭ ئاچ بولساڭمۇ بىر ئاچنى تويدۇرغىن.

ئەلىشىر نەۋائى

بىلىمچىنىڭ تور سىلىشى قورساق بىقىش ئۈچۈن بولسا، بىلىمچىنىڭمۇ تورغا ئىلىنىشى ئاچلىقتا گىرىپتار بولغانلىقىدىندۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئورماندىكى شىرنى يەڭسەڭ، بۇمۇ شىجائەت ھېسابلانمايدۇ. پەقەت نەپسى شەيتاننى يەڭگىنىڭدىلا دۇنيادا ھەقىقىي باتۇر ھې-سابلىنالايسەن.

ئەلىشىر نەۋائى

ئاچلىق ۋە يوقلۇقتا قانائەت قىلىدىغان يوقسۇل كىشى ماھى-يەتتە، سەۋر ـ قانائەتسىز، تەمەخور باي ۋە شاھلاردىن ياخشىراقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

سەۋر ـ قانائەت تۈگىمەس خەزىنە بولسا، قانائەتلىك كىشى شۇ خەزىنىدىكى بىباھا ئالماستۇر.

ئەلىشىر نەۋائى



ياخشى شاھلارنىڭ ئادىتى كىشىلەردىن ئىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا بېرىش. يوقسۇلنىڭ ئادىتى قولىدىكى بارىنى چېچىۋېتىش ئەمەس، بەلكى چېچىلغاننى تېرىپ يىغىشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

توخۇ دائىم ئاغزىدىن دانىنى چۇشۇرمەي ياكى دان چۇقۇش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاخىر بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئۇنداق تىنىمسىز ئاچ كۆزلۈكى بىلەن كاتەككە قامىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

كىشىنىڭ بايلىقى ۋە پۇلى ئۇنىڭغا ئىززەت بېرەلمەيدۇ. تەمەخورلۇق كىشىگە خارلىق كەلتۈرىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

جاھاندا دەرۋىشلىك يولىدا ھەممە نەرسىنى تەرك ئەتكەن ئىتائەتسىز كىشىلەر سائادەتسىز بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

سەۋر ـ قانائەتسىز كىشى ئىززەتسىز بولىدۇ. ھەسەتخور كىشى راھەت تاپالمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئەگەر ھەۋەس ئۆز نەيزىسىنى تىكلەپ ئۈستۈن كەلسە، ئەڭ ئاۋۋال ئەقلىنىڭ كۆزلىرىنى قارىغۇ قىلىدۇ. ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشى، ئەلۋەتتە، مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ مەغلۇپلۇق سەن سۇلتان، سەن گاداي دەپ ئايرىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئەگەر يامان نەپسىڭدىن ساڭا نېمە يەتسە، توۋا قىل، توۋىدا مەردانە بول. يول ئىككى، ئەمما گۇناھ بىر. توۋا بىر، گۇناھنى يۇ-غاندىن كېيىن توۋىنىڭ يولى تېخىمۇ ئوچۇق بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

مىللەتنىڭ مۇقىم بايلىقى — خەلقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قىياپىتىدۇر.

ن. گ. چېرنىشېۋسكي

دۆلەتنىڭ قەدىر - قىممىتى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىگە باغلىق.

ج. ملل

ئەخلاق كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ يادروسىنى كوممۇنىزمنى مۇس-تەھكەملەش ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بولغان كۈرەش تەشكىل قىلىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

ئەگەر توغرا چۈشىنىپ يېتىلگەن مەنپەئەت ھەممە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى تەشكىل قىلسا، ئۇ ھالدا شۇنىڭغا تىرىشىش كېرەككى، ئايرىم كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرى ئومۇمىي ئىنسانىي مەنپەئەت بىلەن ماسلىششى كېرەك.

ك. ماركس ۋە ف. ئېنگېلس

ئەخلاق —ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان مۇناسىۋەتلەر ۋە شۇ مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققىدىغان مەسئۇلىيەتلەر ھەق-قىدىكى پەن.

ب. گولباخ

بۈيۈكلۈككە ئەڭ يېقىنى ھالاللىقتۇر.

ۋ. ھيۇگو

ئەگەر ئادەم ھالاللىقتىن يۈز ئۆرۈسە، شۇنچىلىك بىھېساب ناچار ئىللەتلەرگە بېرىلىپ كېتىدۇكى، ئاقىۋەت ھاياتىنىڭ ناپاك يوللىرىدىن مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

ھەممە ئادەملەر ئەسلىدە بىر خىل، دۇنىياغا كېلىشلىرىمۇ بىر

خىل، پەقەت تەبىئەتتە ھالال ئادەمنىڭلا نامى گىگانت.

سىنېكا

دۇنيادا ھالال ئادەمدىنمۇ بۈيۈكرەك زات يوق.

ر. روللان

ھالاللىق ھەرقانداق مەرتىۋىنى بېزەيدۇ.

ف. شىللېر

ھالاللىق دەۋرىمىزنىڭ تولۇق مەنىدىكى ئېسىلزادىلىكىدۇر.

ئە. رېنان

ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ دەل ئۆزىگە ئايلانغان بۈيۈك قەلبنىڭ ھالاللىقى ئادەمگە چاقماقتەك تەسىر قىلىدۇ.

ۋ. ھيۇگو



ھالاللىق ئەڭ ياخشى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەڭ توغرا پائالىيەت شەكلىدۇر.

ژ. لېببوك

ۋىجدانلىق ئادەملەر ئۇچۇن ھالاللىق، ساۋاتلىق ئادەملەر ئۇچۇن

www.uyghurkitap.com

ئىلىم قانچىلىك زۆرۆر بولغىنىدىمۇ كۆپرەك قىممەتلىكرەكتۇر.

ژ. ژ. رۇسسو

شەرمەندە ئۇزاق ئۆمۈردىن، قىسقا، ھالال ئۆمۈرنى ھەمىشە ئەۋزەل كۆر.

ئېپىكتېت

ھالال ياشاۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرساڭ، ھايات لەززەتلىك ۋە ئوڭاي تۇيۇلىدۇ.

م. ئى. كالىنىن

ئۆمۈر بويى بەختلىك بولۇشنى خالىساڭ — ھالال ئادەم بول.

ت. فوللېر

ھالاللىق، توغرىلىق — زور بەخت.

ئى. زولا

ھالال بولۇش ئۈچۈن، كۆڭۈل ساخاۋىتىگە دانا ئەقلىنىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. كىمدە تەبىئەتنىڭ بۇ ئىككى ئىنئامى بىللە قوشۇلغانىكەن، ئۇ ھەمىشە ئىجتىمائىي مەنپەئەت چېرىغىنى ئۆزىگە رەھنەما دەپ بىلىدۇ.

ك. گېلۋېتسىي

ئەگەر ھالال ئىش قىلىمەن دېسەڭ، كۆپچىلىك مەنپەئىتىنى كۆزلە، ھەمدە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىل. شەخسىي مەنپەئەت كۆپىنچە خاتالاشتۇرىدۇ.

ك. گېلۋېتسىي

ھەربىر ئىنسان ئۇچۇن ھالاللىق — كۆپچىلىك بەخت سائا-دىتى ئۇچۇن ياشاش، ئومۇم ئىشى ئۇچۇن شەخسىي مەنپەئەتتىنمۇ كېچىش دېگەنلىكتۇر.

ن. پ. ئوگارېف

خەلق بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئومۇم مەسىلىلىرى توغرىسىدى-كى مۇئەييەن چۈشەنچىلەر بىلەن مۇستەھكەملەنمىگەن. پەقەت شەخسىي ئىشلاردىكى ھالاللىق جەمئىيەتكە بەكمۇ ئاز مەنپەئەت كەلتۈرىدۇ.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي



ۋىجدانلىق ۋە ۋىجدانسىز ئادەمنى نېمە قىلغىنى بىلەنلا ئە-مەس، نېمىنى خالىشى بىلەنمۇ بىلىشكە بولىدۇ.

دېموكرىت

ئۆز ھالاللىقىنى نامايىش قىلىش كۆپرەك خۇش پېئىل ئا-

دەمگە يارىشىدۇ.

گاۋەستى

ھالاللىق نېمە؟ ھالاللىق توپتوغرا، سەمىمىي مۇناسىۋەتتۇر، ۋىجدانسىزلىق بولسا يېگانە يوشۇرۇن مۇناسىۋەتتۇر.

ئا. س. ماكارېنكو

بىزنىڭ ھالاللىقىمىز ئۆزىمىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن ھەمىشە قاتتىق تەلەپچانلىقىمىزدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ئا. س. ماكارېنكو

مۇتتەھەملەرنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن ھوشۇقى ئالچۇكى، ئۇلار ھالال ئادەملەرگە مۇتتەھەملەردەك مۇناسىۋەت قىلىۋاتقانلىرىدا، ھالال ئادەملەر مۇتەھەملەرگە گويا ھالال ئادەملەرگە قىلغاندەك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنىسكىي



ھالال ئادەملەرنىڭ شۇنداق بىر بىمەنە ئادەتلىرى باركى، ئۇلار يۈزسىزلەر، نومۇسسىزلار ئالدىدا ھەمىشە ئۇيات ھېس قىلىپ، يەرگە قاراپ قېلىشىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنىسكىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كاللاڭدىكىنى غاچچىدە ئېيتىشقا ھەممە ۋاقىت تەييار تۇر-ساڭ، مۇتتەھەم سەندىن قاچىدۇ.

ئو. بلېيك

كىمكى ئۆزى ئالدامچى بولمىسا، ئالدامچىلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشنى خالىمايدۇ.

ژ. ژ. روسسو

نەپرەتلىنىشنى بىلىش ھەربىر ھالال ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى.

ژ. لوئوئېرلل

ئەقىلنىڭ ھالاللىقى ھەقىقەت ئالدىدا چېكىنمەي، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، ھەرقانچە قىيىن بولغاندىمۇ ئۇنى تېپىش ۋە يېنىك، ئوڭاي، چالا - پۇلا خۇلاسىلەر، ھاقارەتلىك ساختىپەزلىكلەردىن يىرگىنىشتىدۇر. مۇستەقىل ئىزلىنىش، ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ئۆزىچە ھەل قىلىۋېلىش جۈرئىتىگە ئىگە بولۇشتىدۇر. مۇستەقىل پىكىر قىلىش جۈرئىتىدۇر.

ر. روللان

ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلگەن ھالال ئادەم ساختىپەزلەرنىڭ پۈتۈن

نەيرەڭلىرىنى كۆپىنچە روشەن كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئى. گېيوتى

ھالال ئادەملەرنىڭ تەمەگە بېرىلمەيدىغان ئېسىل ئادىتى مۇتتەھەملەرنى ھەمىشە دەككە - دۈككىگە سالغىنى سالغان.

ژ. ژ. روسسو

ئادەم قانچىلىك ئەقىللىق ۋە ئەپچىل بولسىمۇ، ھالاللىقىنى يوقىتىشى بىلەن شۇنچىلىك ياۋۇز، ئاداۋەتچى بولۇپ كېتىدۇ.

تىستىپسرون

ئەگەر مۇتتەھەملەر ھالاللىقنىڭ ھەممە ياخشىلىقلىرىنى بىلگەنلىرىدە، ئۇلار شۇ يەردىمۇ مەنپەئەت چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن رەزىللىكتىن توختىغان بولاتتى.

ب. فرانكلىن

ئۆز - ئۆزىدىن «راست، مەن ھالالمەنمۇ» دەپ سورايدىغان ئادەملا ھەقىقەتەن ھالالدۇر.

پلاۋت



پەسكەش تەمەگەرچىلىكتىن كۆرە جازانى ئەۋزەل كۆر. چۈنكى، جازا بىر قېتىم، تەمەگەرچىلىك ئۆمۈرۋايەت دىلنى قارا قىلىدۇ.

خىلون

ھەقىقىي ساخاۋەتتىنمۇ ئۈتۈپ كېتىدىغان ھالاللىق بولمىسا كېرەك.

ب. فرانكلىن

ھالال ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر ھاقارەت، ئۇنى ھالال ئەمەس دەپ گۇمان قىلىشتۇر.

ۋ. شېكىسپېر

ھالال ئادەمنى تەقىب قىلىش مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ نامىنى قارىلاش مۇمكىن ئەمەس.

ف. ۋولتېر

ئەخلاق ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا بولغان ئاڭلىق ياكى ئادەتكە ئايلانغان مۇناسىۋىتىدىكى مەنىۋى ـ ۋىجدانىي ئۆل- چەملەر جەمئىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇ قەلب ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىما- ئىي ئاڭ شەكلىدىكى سىرتلاشقان كۆرۈنۈشى. ئۇ قەلب قانۇنى. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىغا تۇتقان نىيىتى، پوزىتسىيىسى، سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ ياخشى (ئىزگۇ)، يامان (قەبىھ) لىقىنى خاراكتېرلايدىغان قەلبىي ئۆلچەم، قەلبىي قانۇن، قەلبىي سوت بولۇش بىلەن بىللە يەنە جامائەت پىكرى ئۆلچىمى،

قانۇنى ۋە سوتىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئەخلاق ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتكە بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئۆلچەملىرى ۋە باھالىرى توغرىسىدىكى ئاڭ شەكلىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئەخلاق ھەربىر كىشىنىڭ ئىنسانىي ساپاسى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئېتتىدىغان ئەينەك. ئەخلاق ھەممىگە قارىتىلغان. ئۇ قەلب قانۇنى — ۋىجدان ۋە جامائەت پىكرى ئارقىلىق تىزگىنلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۆزىنى تۇتۇش — ئەخلاق ۋە ئەقىلنىڭ مۇجەسسەملىكىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئۇسسۇلچى ياكى ئاكتىيور ئۇچۇن ھەر خىل كىيىنىش، گىرىم قىلىش، رولغا چىقىش ئەخلاقىي ئىللەت ھېسابلانمايدۇ. بۇنى سەنئەتكار ۋە پۈتۈن جەمئىيەت ئاڭلىق چۈشىنىشى، قوللىشى



www.uyghurkitap.com

لازىم. ئەمما بۇ خىل سەھنە تۇرمۇشى ۋە سەھنە قىياپەتلىرىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىن پەرقلەندۈرۈشى، ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. فوتو سەنئەتچىسى ئۇچۇن چاققان ھەرىكەتلەر ھېچقانداق ئەدەپسىزلىك ھېسابلانمايدۇ. شائىر - نىڭ نازۇك - لىرىك ھېسسىياتچانلىقى، كوچا - كويلاردا ئىلھام پارتلىغان دەقىقىلەردە شېئىر يېزىپ يۈرۈشىمۇ ئەخلاقسىزلىق ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

كەسپىي ئەخلاق ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئوخشىمىغان كە- سىپتىكى ئىپادىلىنىشى، مۇئەييەن كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە بىنا- ئەن خاس مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان تارمىقى، كەسپىي ئەخلاق يەنىلا ئىجتىمائىي ئەخلاقنى چىقىش نۇقتا ۋە ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



ھەربىر كىشى ئۆز ئەخلاقىغا مەسئۇل بولۇشى لازىم. بۇ ئۇنىڭ خەلققە ۋە ئۆز ئىستىقبالىغا مەسئۇل بولۇشىنىڭ نىگىزى. مۇنداق ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت نومۇس ۋە ئىپتىخار ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ.

ۋىجداننىڭ ئاساسىي ئاملى ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى كۆزىتىش. ئۆز - ئۆزىگە باھا بېرىش، ئۆز - ئۆزىگە نازارەت قىلىش،

www.uyghurkitap.com

ئۆز - ئۆزىگە سودىيە، شاھىت ۋە ئەيىبلىگۈچى بولۇش، ۋىجدانىي جەھەتتە ئۆز ئەيىبلىرىنى پائال تۈزىتىشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

ئىپپەت —قەلب گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر «فوندى»، ئۇ ئۆز غايىسى، ئۆز ۋىجدانىنى يوقاتماي، ساتماي، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە ئالىيجانابلىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا قارىتىلغان ئەخلاقىي سۈپەت. بۇ نۇقتىدىن ئادەمنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋىجداندا، ۋىجدانىنىڭ ھاياتى ئىپپەتتە دېيىش مۇمكىن.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مۇنازىرىدە ئەقىل غەلىبىسى بىلەن ئەخلاق تەنتەنىسى بىرلىككە ئېرىشكەن كىشى ئالىيجاناب ھەم دانا كىشىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

نومۇس ياكى شەرەپ سەزگۈسى ئۆز - ئۆزىگە قارىتىلسا، ئەيىبلەش ياكى تەسەننا (ئاپىرىن) ئېيتىش ئۇنىڭغا جامائەتچىلىكتىن كېلىدۇ. 66

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئاياللىق —پاك - ئىپپەتلىك بولغان، ئائىلە ئايالى ئۈچۈن

سادادەت ئېتىكاپى ھېسابلانغان، ئەر ئايالىنىڭ يېرىم ئىلاھى بولغان ھالەتتە ئاياللاردا ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ئۆلۈم بىلەن تەڭ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئايالنىڭ ئىپپىتى ئۇنىڭ ھاياتى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئىپپەت ـ نومۇستىن چىققان، جىنسىي غىدىقلىنىشنىڭ جىنايى يولىنى ئادەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ئۆز بەختى ئۈچۈنمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ساپاسى ئۈچۈنمۇ چوڭ بۇزغۇنچى ئاپەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»دىن

ئەخلاق بىلەن نەپسنى تىزگىنلەشنىڭ ئاساسى مەجبۇرىيەت ئەخلاقىدىن ئىبارەت. بۇنداق مەجبۇرىيەت ئەخلاقى لازىم تېپىلغاندا ھېچقانداق مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتمايدىغان، شەرت قىلمايدىغان ئا- لىيجاناب ئىنسانىي ئەخلاقتۇر.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلا- قى» دىن

بىر ئۇلۇغ ئەربابنىڭ ئىككى يۈزىكى بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىدە

ئىنسىنىڭ قان ئاقسا، يەنە بىرىدە ئالىيجاناب ئەخلاق ئۆركەشلەيدۇ.

شېكسپىر

ئەخلاقمۇ بىر خىل ئىقتىدار بولۇپ، ئەخلاقسىز بالىلار تۇغۇلمۇ خەتەرلىكتۇر.

كۆيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

سەرۋىدەك تىك بولسىمۇ بوۋايدىكى قەد،
ياش قىلىقىنى قىلسا تېتىقسىز، بەك سەت.

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىنسان بىلمەس قېرىماي ھايات خەتەرىنى،
قۇش بىلمەيدۇ چارچىماي قانات خەتەرىنى.

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بار ئىكەن ياشلىق ۋە ساقلىق مۇسەپپا،
ھەر مەقسەت نۇقتىسى قولدا مۇھەييا.

ناسىر خىسراۋ

تۇتقىن قېرىلارنىڭ تىترىگەن قولىنى،
قېرىغاندا بىلەرسەن قېرىلىق يولىنى.

ناسىر خىسراۋ

باغلانسۇن قېرىلىققا ھۆرمەت كەمىرى،
قېرىغاندا بولارسەن قېرىلار سەرۋەرى.

ناسىر خسراۋ

دىلىڭ ھېچ بولمىسۇن غەمكىن، غەش ـ خىرە،
گۇناھدىن ۋۇجۇدۇڭ پاك تۇت، ھەمىشە.

پەرىدىددىن ئەتتار

ئەگەر سەن ئولتۇرساڭ بىكار ھەرقاچان،
ئىشىڭنىڭ چىرايلىق بولۇشى گۇمان.

پەرىدىددىن ئەتتار

قېرىلارنى ئەزىزلەپ قىلساڭ ھۆرمەت،
سېنىمۇ قېرىغاچ قىلىشار ئىززەت.

پەرىدىددىن ئەتتار

قېرىلاردىن ئىزدىمە جۇشقۇنلۇق ھەۋەس،
ياشلىق ئۆتمۈش، ئاقار سۇ ئارتقا يانماس، بەس.

سەئىدىي شېرازىي

قەترە ئادەم سۈرىتىگە كىرىدۇ پۈتۈن،
قىرىق كۈن ئانا قارنىدا تاپسا ئارامنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەگەر قىرىق ياشلىقنىڭمۇ بولمىسا ئەقلى،
ئاڭا بېرىشكە بولمايدۇ ئىنسانلىق نامنى.

سەئىدىي شىرازىي

بەزمە كۈنى ياشلار سېپىدە كۆيلە،
ئەمما ئىش تەدبىرىنى قېرىدىن ئىزدە.

خۇسراۋ دېھلەۋىي

ياش ھەرقانچە بولسۇن ئىشتا غەيرەتلىك،
كۆپنى كۆرگەن قېرىنىڭ ئىشى ئىبرەتلىك.

خۇسراۋ دېھلەۋىي

گۈلچىگە يېقىملىق بوستان - گۈلزار،
ئوتۇنچى كۆڭلىنى خوش قىلار تىكەنزار.

خۇسراۋ دېھلەۋىي

قىلماقچى بولساڭ ئۇلۇغلۇقىا جەڭ،
كىچىكلەر ھالىنى قىلمىغىن تەڭ.

خۇسراۋ دېھلەۋىي

گۈلچېھرە ۋە مەيدۇر ياشلىق زامانى،
بولارسىز ئۆتمىسۇن ھايات دەۋرانى.

خۇسراۋ دېھلەۋىي

دىۋانلىقتىن كۆپ ياشلىقتا ئەسەر،
ياش سۈپەت قېرىلار ساراڭدىن بەتتەر.

خۇسراۋ دېھلەۋىي

ئەينەكتىن ھەممىنى كۆرەر نەۋقىران،
كېسەكتىن كۆرىدۇ قېرى بىلىمدان.

ئۇبەيد زاكۇنىي

قېرىلار ھۈنەرگە بولسىمۇ گەر باي،
ئەمما ھەربىر ياشتا باشقىچە چىراي.

ئابدۇراخمان جامىي

ئەي پەسلىك تونىنى كىيگەن ئادەمزات،
قورقمەنكى، نامىڭ كېتەر بۇلغىنىپ.
كىچىكلەر بىلەن سەن بولما ئەپسۇنكار،
ئۇلۇغلۇق نامىڭنى كېتەر سۇندۇرۇپ.

ئابدۇراخمان جامىي

ئاق چاچنى قارا رەڭگە بوياش بىلەن بىر ئەخمەق،
قېرىغاندا ياشلىقنىڭ ئارزۇسىنى قىلىسا دەڭ:

www.uyghurkitap.com

شىكارغا دۆلەت قۇشى چىققان دانا بولىدۇ،
بولالماس ئاق قارچىغا بىلەن قارا قاغا تەڭ.

ئابدۇراخمان جامىي

چاچ ئاقارغاچ قويدۇم دىلىم غىش - غىشىنى،
يەرگە ئۇردۇم ھاۋايى - ھەۋەس تەشۋىشىنى.
شام روناق تاپمايدۇ ئاتقان چاغدا تاڭ،
پىلىك تارتار بۇندا ئوتنىڭ ئۇچىنى.

ئابدۇقادىر بېدىل

قېرىلىقتا خالىي بىر بۇلۇڭ تاپ دىلغا، بېدىل،
دەريا ئەمدى لېيىدى، قېنى تېپىپ چىق ساھىل.
مانا ئاپئاق چاغلاردا كېپەن ئىنكاسى بار،
يولدا كۆزۈڭ يۇمماستىن ئۆز مەنزىلىڭ تېپىشنى بىل.

ئابدۇقادىر بېدىل

ھەممە ئىستىكىڭنى بەرسە گەر تەقۋا،
قۇرۇق تەك بەرگىدىن قايناتتى سەھبا.
بوش خىيالدىن پۈتسە كىشى روزىغارى،
قارغا تۇخۇمىدىن چىقاتتى ئەنقا.

ئابدۇقادىر بېدىل

قېرىلىق تەرسىمۇ يوق بىر نەرسىنى،
ھوسۇلى بىر تۇتام ئاق ساقال پەقەت.
يانغان ئوت ئۆچمەيدۇ كۆل قالدۇرماستىن،
كۆپۈكسىز بولامدۇ قايناپ تۇرغان دەرد؟

ئابدۇقادىر بېدىل

خارلىق ھاياتتىن ئۆلۈم گۈزەلرەك، چۈنكى بەزى نومۇسسىز ئىشلارنى ھېچقانداق كىشى ئۆچۈرەلمەيدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى

قەھرىمانلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر، ئۇنىڭغا ئەقىلگە مۇۋاپىق غەيۇرلۇق بىلەن ئېرىشكىلى، ئۇنى خەتەرلىك ئىشلار ئىچىدە، جۈملىدىن ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

ئەبۇنەسىر فارابى

پاشا يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسىمۇ، پىلنىڭ كۆتۈرگەن يۈكىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.



موللا سىدىق يەركەندى

ئارپىسىز ئات قىر ئاشالمايدۇ، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باتۇرلارنى خار قىلما، يوگورۇك ئاتنى يىغىر (قىلما).
مەھمۇد قەشقەرى

پوتكەن ئىشقا ئىگە تولا، ئورۇشتىن كېيىن باتۇر (تولا).
مەھمۇد قەشقەرى

قىسماقتىن قورققان قۇش قىرىق يىل ئاچا ياغاچ ئۇستىگە قونمايدۇ، يىلان چاققان كىشى ئارغامچىدىن قورقىدۇ.
مەھمۇد قەشقەرى

ئەخلاق شەخسنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە كىيىملەر ئارىسىدىكى دىباسىدۇر (يىپەك كىيىمدۇر).
ئەلىشىر ناۋايى

ئەدەپنىڭ مەنىسى يامان ئىش، يامان سۆز قىلىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ، ئابرۇيىنى تۆكمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ.
موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى



ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ھەر ئىككىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھېسابلىنىدۇكى، ئىنساننىڭ ھەر بىر ئىشتىكى پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە

پائالىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە كامالىتى تەرىپىدىن گەۋدىلەندۈ-
رۈلگەن بولىدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى

تەپەككۇر نەزىرى بىلەن ھەرقانداق ئەھۋال چىھرىسىگە باقساڭ
ۋە تەپەككۇر نەزىرى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان نەرسىگە قارىساڭ
شۇنى ھېس قىلىسەنكى، ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئامانەتكە چىتىقلىق، يەنە
بىر ئۇچى خىيانەتكە باغلىنىشلىقتۇر. كىشى بىر ئىشتا ئامانەتنى
ساقلىمىغانىكەن، خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبە، مەنتىقە ئىلمىگە قارىغاندا، ئەخلاق
ئىلمىدە تېخىمۇ قىممەتلىك.

ئەبۇ نەسر فارابى

ئامانەت ياخشى سۈپەتلەر ئارا بىر ئۇلۇغ سۈپەتتۇر. دىيانەت
ياخشى خۇلقنىڭ يىلتىزىدۇر.



موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ياخشى ئەخلاق راستچىللىق ۋە پاكلىقتۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى

باق، شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت.

مەھمۇد قەشقەرى

ئەدەپ كىچىكلەر ئۈچۈن بەخت ـ سائادەتكە سەۋەبچىدۇر، ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشقا سەۋەبچىدۇر.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۈرى

ئەدەپنى ئۆزىگە كەسىپ ئەتمىگۈچىلەردە ئالىيجانابلىق بول-مايدۇ.

ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە

تەۋازۇ (كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق) ئۇسۇلى ۋە ئەدەپ ـ يوسۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلۇغلار ھۇزۇرىدا تەۋازۇ كۆرسەت-مەك، كىچىكلەر ئالدىدا ئەدەپ ـ يوسۇننى تۈزىمەكتۇر. تەۋازۇ كۆر-سىتىشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى تەۋازۇ خەلقنى تەۋازۇ قىلغۇچىنىڭ مۇھەببىتىگە مەپتۇن قىلىدۇ ۋە مۇ-ناسىۋەت يىپىنى تەۋازۇ قىلغۇچى كىشى تەرىپىگە ئۇزارتىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۈرى

ئەدەپنىڭ تونىنى كەي، كىشىگە ئەدەپتىن ياخشى زىننەت يوق، كىمكى بىئەدەپ بولسا، ئۇنىڭدا پەزىلەتمۇ بولمايدۇ.

ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە

ئەدەپلىك كىشىگە ئەلەم يەتمەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئەدەپتىن دوستلۇق باغچىسى تۈزۈلىدۇ، مۇھەببەت بوستانىنىڭ گۇللىرى ئېچىلىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ئۆزۈڭدىن مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىنى كۆرسەڭ، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بول، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تەۋەززۇ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشىڭ كېرەك. كەمتەرلىك بارچە كىشىلەر ئۇچۈن ياخشى پەزىلەت، بولۇپمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ كەمتەر بولۇشى ھەممىدىن ئەلادۇر.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ئەدەپلىك بولۇش ئالىم بولغانغا باراۋەر.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى



دوستلۇق زىننىتى نومۇستىن، مەھبۇبلۇق نازاكىتىنىڭ راۋاج تېپىشى ئەدەپتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

كۆڭلى سۇبھىدەك ئاق كىشىلەرگە پەند ـ نەسىھەت لايىقتۇر.

ئەقلى كامىللارنىڭ كۆڭلى ساپتۇر، كەم ئەقىل كىشىلەر بىئىنساپتۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

سۆھبەتتە ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغاي، ئەگەر سۆھبەت ئەھلى ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇلۇغ كىشى بولسا، ئەدەپ شۇكى، باشقىلار يۈزلىرىنى شۇ كىشىگە قىلىپ ئولتۇرغاي، ئەگەر ئىككى كىشى سۆھبەت قىلسا، روبىرو ۋە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرغاي.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىگە ھېرىس بول، نامازنىڭ ۋاقتى بار، ئەمما، سۆھبەتنىڭ ۋاقتى يوقتۇر، ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى تۈگىگەندىن كېيىن تاپقىلى بولمايدۇ، پەيتى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

مېھماننى تولىمۇ ئۇلۇغلىماقلىق كېرەك، مېھماننى ھۆرمەتلىمەكنىڭ مۇددىتى ئۈچ كۈندۇر. تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ كۆپ تەكەللۇپ قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ئەمما، ئۆيدە قانداق نەرسە ھازىر بولسا، مېھماننىڭ ئالدىغا قوي، ياخشى نىيەت ۋە دۇرۇس غەرەز بىلەن تەكەللۇپ قىلساڭ بولىدۇ، بىراق، تائام ۋاقتىدا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلما ...ساھىبخانىنىڭ تائامىنى نېسىۋە قىلىپ كۆتۈر-

مە، چۈنكى تائام ئۇلار ئۈچۈن قويۇلغاندۇر.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

ئۆز ھالىڭ ۋە مەرتىۋەڭدىن ئارتۇق چوڭ گەپلەرنى قىلما، شۇنداقلا سۆزلەش جەريانىدا تەكەللۇپ قىلما، باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك بولمىغانلىقىنىمۇ ئىزھار قىلما، بۇ ناھايىتى ئەدەپسىزلىكتۇر.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

يارانلەرگە كۆپ خۇشامەت قىلما.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

دوست ۋە ناتونۇشلارنىڭ سۆھبىتىدە چىرايىڭنى ئوچۇق ۋە تىلىڭنى شىرىن تۇت، سۆھبەت ئەھلىگە مەيلى ئۆز خاھىشىڭ بىلەن بولسۇن، مەيلى رىغبەت بىلەن بولسۇن، ياخشى خىزمەت قىل.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى



ئەزىزلەرنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەزلىرىگە قۇلاق سال، جان ـ دىلىڭ بىلەن مىننەتدار بولۇپ قوبۇل قىل...ئەگەر دوستلىرىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا، خىلۋەت جايدا تاكى توۋا قىلغۇچە نەسىھەت قىل.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

سۆھبەتتە ئۆزۈڭنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتما، بىر كىشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمىگۈچە گەپ قىلما، سۆھبەتتە بەك ئۇزۇن سۆكۈت قىلىپ ئولتۇرما، بىراق، كۆپ سۆزلىمە، سۆھبەتتە مۆگدەپ قالما، باشقىلارنىڭ سۆھبىتى كۆڭلۈڭنى پەرىشان قىلىدى. غان بولسا ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىغان بولسا، ئۇنداق كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلما.

مولla مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

سۆھبەت بولۇۋاتقاندا، ئىككىنچى بىراۋنىڭ قۇلىقىغا پىچىر-لىما ۋە ئازادە سۆزلەشمە، شۇنداقلا سەن سۆزلەۋاتقان تىلنى مەجلىس ئەھلى خاھى بىلسۇن، خاھى بىلمىسۇن، باشقا بىر تىلدا سۆزلەشمە، بۇ قىلىق بەكمۇ ئەدەپسىزلىكتۇر.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

ئىككى كىشى بىر يەردە بىر - بىرىگە سىر ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى ئېيتىشىۋاتقاندا، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرمە ۋە سۆز-زىگە قۇلاق سالما.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

ئەقىل ئىگىسى بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە قۇل بولما.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

كىمكى ئۆز نەپسىگە زالىم بولسا، ئۇ ئالىم بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

قۇش دانىنى دەپ تۇزاققا ئىلىنىدۇ، قۇش يېمەكنى دەپ ئۆلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقى ۋە بىلىمى ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە سالاپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. كىيىم - كېچەك بىلەن سالاپەتنىڭ رولى گويا ئالماسقا چۈشكەن كۈن نۇرىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئالماس ھەر- قانچە قىممەتلىك بولسىمۇ لېكىن، پەقەت كۈن نۇرىدىلا جۇلالىنىدۇ. بولمىسا ئۇنى ھېچكىم ئەزىزلەپ مەيدىسىگە تاقىۋالمايدۇ. سودىدىمۇ يۈرۈش - تۇرۇشتىكى سالاپەت ئىنتايىن مۇھىم. ناۋادا بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى كەلسە - كەلمەس، گەپ - سۆزى تاققا - تۇققا بولسا قارشى تەرەپنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ قويىدۇ ھەتتا غەزىپىنى قوزغايدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىسەن.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئەدەپ بىلەن كۈلۈمسىرەش، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى سىپايىلىقنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل - ھوشى جايىدا كەلگەن ياشلارنىڭ ھېچقايسىسى، باشقىلار بىلەن بىرەر ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئۇقماي تۇرۇپلا ھى - ھى، ھا - ھا قىلىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا قا-

قاقلاپ كۈلۈش — نادانلارنىڭ قىلمىشى. شۇڭا بەزىلەرنىڭ ھەرد-كىتى گەرچە كۈلكەڭنى قىستىسىمۇ، لېكىن تىلىقىپ كۈلىدىغان بولمىغۇر ئىشنى ھەرگىز قىلما. ئۇنىڭغا مىيىقىڭدا كۈلۈپ قويۇ-ساڭلا كۇپايە.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق سىنى ھۆرمەتكە نائىل قىلىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئادەمنىڭ باشقىلاردا قالدۇرىدىغان تۇنجى تەسىراتى ئىنتايىن مۇھىم. بىر ئادەم ئىنتايىن ئەدەپسىز ياكى ئۇنىڭ ھەرىكىتى قى-لىقسىز بولسا، باشقىلاردا يامان تەسىر قالدۇرىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆز ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇ-شىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ ئەكسىچە، ھەرىكەتتە ئە-دەپ ـ قائىدىلىك ئادەم باشقىلارغا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئار-قىلىق، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە نائىل بولالايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئىش ئۇقىدىغان، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەر-قانداق چاغدا گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك سىلىق ـ سىپايە كېلىدۇ. مئەكسىچە، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل ئادەملەر كىچىككىنە

ئىش بولار ـ بولمايلا ئالاقزادىلىكتە كالاماپايلىشىپ كېتىشى مۇم-
كىن. شۇڭا، سەرخىل ئادەملەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ
چوڭلار ئالدىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە سىپايىلىقىنى ئۆگىنىش.
ھەقىقەتەن زۆرۈر.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

كىشىلەر ئەخلاقسىزلىققا لەنەت ئوقۇيدۇ. جۇملىدىن ئەخلاق-
سىزلىق ئادەمنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن
كىشىلەر ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى چېلىقتۇرغان ھامان ئۇنىڭدىن
كۆزىنى ۋە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، ئۇ
بىر گۈزەللىك. شۇڭا كىشىلەر ئەدەپ ـ يوسۇن بىلەن يۇغۇرۇلغان
ئىش ـ ھەرىكەتكە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە ئىنتىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە
بولىدۇكى، ئەخلاق ئۆلچىمىگە مۇناسىپ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋۇ-
جۇدقا چىقىشى، ھەم ئۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقى-
نى قاندۇرۇش جەريانى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن



باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش بىر خىل ئەخلاقسىزلىقلا
ئەمەس، بەلكى ئۇ بىرخىل نومۇسسىزلىق ۋە پەسكەشلىك! چۈنكى
ئاق كۆڭۈل ۋە ئالىي پەزىلەتلىك كىشىلەر ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ
ئاجىزلىقى ۋە بەختسىزلىكىنى ئاشكارىلاشتىن شادلىق ئىزدىمەيدۇ؛

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى خالايىق ئالدىدا دورايدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايدۇ.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئاق كۆڭۈللۈكنى ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە تەبىئىي بار دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئادەم ئادەمگە مېھىر ـ شەپقەت قىلالمىسا، جانىۋارغا بولسىمۇ قىلىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

گۈزەل ئەخلاق گويا گۆھەر، ئۇ ساددا ئارقا كۆرۈنۈش ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئاددىي ياسانغان، ئەمما سۇمباتلىق، ئەستايىدىل ھەمدە گۈزەل ئەخلاقىقا ئىگە كىشى ئادەمدە چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

سەل ئۈستۈن ئەخلاق ـ پەزىلەت بەزى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرالايدۇ، ئەمما ئۇلاردا ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇلۇغۋار ئەخلاقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ئادەمگەرچىلىكنى بىلىش بىلەن ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىش ھەرگىز بىر ئىش ئەمەس.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

كىشى باشقا بىرىنىڭ بىر ياخشى ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇ-
شىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولسا، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى ئۆزى ئوتتۇرىغا
قويىدۇ، لېكىن ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ياق-
مايدىغان قىلىپ سۆزلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ
تەستىقىدىن ئۆتمەيدۇ.

«بېكون كىشلىك هايات هەققىدە» دىن

بەزىلەر پاراڭ سالغاندا قەستەن ئۆزى سوراپ ئۆزى جاۋاب بې-
رىدۇ، بۇنىمۇ بىر خىل قۇۋلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

«بېكون كىشلىك هايات هەققىدە» دىن

تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، قۇۋلۇق ئادەمنىڭ هەقىقىي ئە-
قىللىقلىقى ئەمەس، ئۇ پەقەت پايدا - نەپ ئېلىشنىڭ ئەرزىمەس بىر
خىل ماهارىتى. ئۇ بەزىدە كارغا كېلىپ قالسىمۇ، لېكىن كىشىنى
ئەبەدىي ئالدىيالمايدۇ. مۇشۇ ئەرزىمەس ماهارەت بىلەن جاهاندارچى-
لىق قىلىش هامان ئاقمايدۇ.

«بېكون كىشلىك هايات هەققىدە» دىن



بەزىلەر رەقىبىدىن ئوچۇق - ئاشكارا ئۆچ ئالىدۇ، بۇنىڭغا قول
قويۇشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۆچ ئېلىشنىڭ مەقسىتى رەقىبىنى ئا-
زاب - ئوقۇبەتكە مۇپتىلا قىلىشلا بولماستىن، مۇھىمى ئۇنى ئۆز

www.uyghurkitap.com

گۇناھى ئۇچۇن توۋا قىلدۇرۇش، ئەمما سۇيىقەست ئىشلىتىپ ئۆچ ئالىدىغان توخۇ يۈرەكلەرمۇ بار. ئۇلار يوشۇرۇن ئوق ئاتىدۇ ھەمدە ئوقنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى كىشىگە تۇيدۇرمايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

ۋاپاسىزلىق قىلغان دوستتىن ئۆچ ئالماق، ئېھتىمال، ئەڭ يوللۇق بولسا كېرەك.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

كونا ئاداۋەتنى داۋاملىق ئېسىدىن چىقارمايدىغان ئادەمنىڭ يارىسى ئەسلىدە ساقىيىش ئېھتىمال بولسىمۇ، لېكىن مەڭگۈ ساقايمايدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

پەقەت ئەلنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ئېلىنغان ئۆچلا ھەققانىيدۇر.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن



پۈتۈن ئىنسانىيەت قىممىتىنىڭ ئاساسى ئەخلاق.

ئېينشتېين

پۇقرالاردا ئەخلاق بولمىسا، جەمئىيەت ھالاك بولىدۇ؛ ھەربىر

شەخستە ئەخلاق بولمىسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

رۇسسېل

ئەخلاق ھەرىكەت جەريانىدا توغرا تاللاشقا ئىگە قىلىدىغان بىر خىل ئادەت، بۇ خىل تاللاش يەنىلا بىر خىل مۇۋاپىق ئارزۇ بولۇپ قالىدۇ.

ئارىستوتېل

ئەخلاق ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئالىي نەرسە ئەمەس، لېكىن ئۇ يېتەكچىلىك قىلىش كۈچىگە ئىگە، كىشىلەرگە توغرا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق.

مۇسياكوزى سانپىئاپو

كىشىلەر قانداقتۇر نام - ئاتاق ۋە ئورۇن تاللاشماسلىقى كې-رەك؛ ئالدىم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەقىل - ئىدراك ۋە ئەخلاق - پەزىلەتتە.

مولىئېر



ئەڭ ئالىيجاناب ئەخلاق خەلق ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز خىزمەت قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر.

گەندى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەيلى قانداق ئورۇن، قانداق دەۋردە بولسۇن، ئۇسۇمنىڭ مەنا پەيتى ئۇچۇن ئەڭ زور قۇربان بەرگەن ئادەمنى كىشىلەر ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەم دەپ ئاتايدۇ.

ۋولتايرې

شەخسىيەتسىزلىك كەم ئۇچرايدىغان ئەخلاق، چۈنكى ئۇنىڭدىن نەپ ئالغىلى بولمايدۇ.

برېچت

ئۆزۈڭنىمۇ، باشقىلارنىمۇ خۇشال قىل، ئۆزۈڭگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلما، مېنىڭچە، مانا بۇ ئېتىكىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى.

چامفۇرد

ئەخلاق جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇق دوستلارغا بولغان مۇھەببەت ئۆكسۈمەسلىك، دۈشمەنگە بولغان نەپرەت ئۆچمەسلىك دېمەكتۇر.

لېسسىڭ



ھېسسىياتنىڭ غايەت زور ئىلھاملاندۇرۇش كۈچى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ بارلىق ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

كرېلوف

ئەمەلىي مەسىلىلەرگە بولغان مۇكەممەل ھۆكۈم بارلىق ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ھەقىقىي ئاساسى.

كومېنئۇس

ئەخلاقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يېزىقتا ئەمەس، ھەرىكەتتە بولىدۇ.

كومېنئۇس

ئەخلاقلىق ئادەم يۇرىكىدە ئىززەتتۇ تۇمان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزگەن ھامان ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئەگمەيدۇ.

فىرېئۇد

بىلىم جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلىگەن، لېكىن ئەخلاق جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلىمىگەن ئادەمنى ئالغا باستى دېمەي، كەينىگە چېكىندى دېگەن تۈزۈك.

كومېنئۇس



ئەگەر ئەخلاق بۇزۇلسا، ئادەم ئارزۇ ـ ھەۋەستىمۇ تەبىئىي ھالدا چۇش- كۈنلىشىپ كېتىدۇ.

دىدىرو

ئەخلاقسىزلىق بىلەن ئىقتىدارسىزلىق بىر ـ بىرىگە چىڭ

باغلانغان، بىر پەلەكنىڭ خەمەكلىرى.

شوپېنگاۋئېر

ئەخلاقتا ئېرىشىش ئادەمگەرچىلىككە ئېرىشىشتىنمۇ تەس؛ ياشلار ئەخلاقتىن ئايرىلسا، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكمۇ ناھايىتى تەس.

لوكې

گۈزەل ئەخلاقنىڭ پۈتۈن قىسمى ئەقىل - پاراسەت.

سوقرات

گۈزەل ئەخلاق روھىي جەھەتتىكى بىر خىل بايلىق.

لوكې

گۈزەل ئەخلاق قەلبنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتى، ئۇ ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتى، سالماقلىقى ۋە ئەقىل - ئىدراكىدىن ئايرىلمايدۇ.

سىسېرو

گۈزەل ئەخلاق دۇنيادا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك بار بايلىق.

پلۇئۇتارچ

تىنچ تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر يولى گۈزەل ئەخلاق.

يۇۋېنالىس

كەمتەرلىك، كەڭ قورساقلىق، پاكلىق، مۇلايىملىق، سالماقلىق، دوستانىلىك، ئىرىشچانلىق يەتتە خىل جىنايەتكە قارىمۇقارشى يەتتە خىل گۈزەل ئەخلاقتۇر.

مكاففرېي

بارلىق گۈزەل ئەخلاق ئىچىدە ئادالەت ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئەڭ يېقىنراق بولالايدۇ.

روسسو

نۇرغۇن گۈزەل ئەخلاق ئىچىدە «مىننەتدارلىق» نى ئەڭ تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن، ئەكسىچە تۇزكورلۇق ئەڭ ئۇچىغا چىققان پەسكەشلىكتۇر.



بوككاچچىئو

پەرزەنتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق بارلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى.

سىسېرو

ئادەمدە گۈزەل ئەخلاق بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى گۈزەل ئەخلاق بىر خىل سەنئەتكە ئوخشايدۇ، ئۇنى ئىشلىتىپ تۇرۇش كېرەك.

سىسېرو

گۈزەل ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈش يامانلىقتىن قول ئۈزۈشتىن دېرەك بېرىدۇ.

سېنېكا

گۈزەل ئەخلاق ئىچىدە بەزى تۇغما ئارتۇقچىلىقلار بولسىمۇ، لېكىن تەربىيە ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

كۇينتىلئانۇس

تۇرمۇش بەختلىك بولمىسا، گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئوخشاشلا، گۈزەل ئەخلاق بولمىسا، بەختلىك تۇرمۇشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ.

سىسېرو

گۈزەل ئەخلاق ياقۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئاددىيلىق ئىچىدە تېخىمۇ جۇلالىق كۆرۈنىدۇ.

باكون

كىتاب ئىسمى: ئەخلاق ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئەخمەت مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىر: ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880mm×1230mm 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 5 باسما تاۋاق
نەشرى: 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—80744—364—3
باھاسى: 12.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)